# مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكىدىن بىهاجەتمەن، كىمكى قىلغان ئەمىلىدە ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنى ۋە ئەمىلىنى شېرىكىگە تاشلاپ قويىمەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكىدىن بىهاجەتمەن، كىمكى قىلغان ئەمىلىدە ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنى ۋە ئەمىلىنى شېرىكىگە تاشلاپ قويىمەن».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ھەقىقەتەن ئاللاھ شېرىكلەرنىڭ شېرىكلىكىدىن بىهاجەتتۇر، ئاللاھ ھەرقانداق نەرسىدىن بىهاجەتتۇر. ئىنسان تائەت-ئەمەللەرنى قىلىپ ئۇنى ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇ ئەمەلنى تاشلىۋېتىدۇ، ئۇ كىشىدىن قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنى ساھىبىغا قايتۇرىۋېتىدۇ. ئەمەلنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەمەللەردىن پەقەت ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىنغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3342